شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 7 - ئاي
23
پەيشەنبە
维吾尔文 7 月23日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25131 - سان　بۈگۈن 4 بەت

جۇڭگو - سەئۇدى ئەرەبىستان دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

شى جىنپىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى سالمان بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى يېقىندا، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى سالمان بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 30 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو - سەئۇدى ئەرەبىستان مۇناسىۋىتى پۇختا قەدەمدە تەرەققىي قىلدى، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول بولدى. بولۇپمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستان ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

«گۈزەل جۇڭگو ئارزۇسى سىلەرگە مەنسۇپ»

— يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۆسمۈرلەر - بالىلار خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ پېڭ**

غۇنچە گۈللەر قۇياش نۇرىنىڭ يورۇتۇشى ۋە شەبنەمنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇشى بىلەن رەڭگارەڭ پورەكلەپ ئېچىلىدۇ؛ گۈزەل بالىلىق دەۋر ۋەتەننىڭ ئۈمىدى ۋە پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن رەڭگارەڭ تۈسكە كىرىدۇ.

ئۆسمۈرلەر كۈچەيسە، دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ، ئۆسمۈرلەر ئالغا باسسا، دۆلەت ئالغا باسىدۇ. ھەربىر ئۆسمۈر - بالىنى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدۈرۈش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئارزۇسى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۆسمۈرلەر - بالىلار خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى ئۆسمۈرلەر - بالىلار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا بىر قاتار مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلارنى چىقىرىپ، توپ قوللانما بىلەن تەمىنلەپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن كۈتكەن ئۈمىد قەلبلەرنى ئىللىتتى. بۈگۈنكى ئۆسمۈرلەر - بالىلار ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش يولىنى بويلاپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە.

سەممىي تاپشۇرۇقتا چەكسىز ئۈمىد يۈكلەندى

باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆسمۈرلەر - بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كەڭ ئۆسمۈرلەر - بالىلارغا غەمخورلۇق يەتكۈزۈپ، ئۇلاردىن زور ئۈمىد كۈتتى

ياز كۈنلىرى ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسۈپ، ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇيدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، تەكشۈرگەندە مۇنداق تەكىتلىدى

نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەت، يۇقىرى ئۈنۈمدە ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەھەللىلەردىكى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىغا بېرىپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى، ئاپتونوم رايونلۇق، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىدىكى مەسئۇل يولداشلار بىلەن بىللە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونىدىكى بىر مەھەللە ھەقسىز تەكشۈرۈش نۇقتىسىدا، ھەر مىللەت ئاھالىلەر ماسكا تاقاپ، ئەۋرىشكە ئېلىش ئۈچۈن قەغەزنى ئېلىپ، مەھەللە خىزمەتچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىنا، دەنيۈەن، قەۋەتلەر بويىچە تەرتىپلىك ھالدا ئەۋرىشكە ئېلىشنى قوبۇل قىلدى.

چېن چۈەنگو يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان تېببىي خىزمەتچىلەر ۋە مەھەللە خىزمەتچىلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى، كۆپچىلىككە مەشغۇلاتنى قېلىپلاشتۇرۇشنى چىڭىتىش، ئۆزى مۇداپىئەلىنىشكە دىققەت قىلىش، ئىسسىق ئۆتۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشنى ياخشى ئىشلەش، ئاممىنى ياخشى تەشكىللەپ، ئاممىغا ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، ئاممىغا ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ئەۋرىشكە ئېلىش خىزمىتىنى بىخەتەر، ئوڭۇشلۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تاماملاشنى تاپىلىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە مەھەللىلەردىكى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىدا نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان تېببىي خىزمەتچىلەر ۋە مەھەللە خىزمەتچىلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو سايباغ رايونىنىڭ بىر مەھەللىسىدىكى ھەقسىز تەكشۈرۈپ ئەۋرىشكە ئېلىش نۇقتىسىغا كېلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىدىكى مەسئۇل يولداشلار بىلەن بىللە نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقتا.

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىدا مۇقىم ياخشىلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى

يىل ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادنى كۆزىتىش

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ليۇ شياڭ**

7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ «تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانى» نەتىجىسى ئېلان قىلىندى. رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى بىرتۇتاش ھېسابلاش نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىشقا ئاشۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى(GDP) 641 مىليارد 280 مىليون يۈەن بولۇپ، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 3.3% ئاشقان.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان «قايتا قوزغىتىش كۇنۇپكىسى»، «تېز ئىلگىرىلەش كۇنۇپكىسى»نى باستى.

مۇقىملىق پايدىسى، سىياسەت پايدىسى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ پايدىسىنىڭ قوشۇلۇپ قويۇپ بېرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

سۈرەتتىكىسى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈندىكى كېرىيە ئايرودرومىنىڭ قۇرۇلۇش مەشغۇلات نەق مەيدانى. بۇ ئايرودرومدا دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، جىددىي قۇرۇلۇش قىلىپ، قۇرۇلۇش مۇددىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

ئىشەنچنى كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى

— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

☐ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، نۆۋەتتە دۆلىتىمىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىدا مۇقىم ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ھەممىسىدە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭدى. بىزگە ئوخشاش 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسى بار مۇشۇنداق چوڭ دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنداق نەتىجە - ئۈنۈم تەستە قولغا كەلگەن.

7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. باش شۇجى دۆلەت ئىچى، خەلقئارا ۋەزىيەتنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ دۆلەت تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقانلىقىغا يۈكسەك باھا بەردى، ئىشەنچىمىزنى كۈچەيتىپ، قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ يۇقۇم كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى تولۇقلاپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

قانچە خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسلار بولغانسېرى، سۈپەتنى، ئاساسنى شۇنچە سىنىغىلى، چوڭقۇر قاتلاملىق ئەۋزەللىكنى، تەرەققىيات زاپاس كۈچىنى شۇنچە گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ زەربىسىدە، دۆلىتىمىز ئىقتىسادى 1 - پەسىلدە زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى، 2 - پەسىلدە مۇقىم بولۇپ قايتا ئاشتى، مەنپىيدىن مۇسبەتكە ئايلىنىپ، 3.2% ئاشتى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كارخانا ساھەسىدىكى زاتلارنى ئىشەنچكە تولدۇردى، زور ئىلھاملاندۇردى، كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى ——

كارخانىچىلار روھنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولىمىز

<<< 3 - بەتتە

شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈڭفېي** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمىگو رايونىغا كېلىپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەلەپ قىلدى: تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك، دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتىكى ھەرقايسى ھالقىلارنى بىرتۇتاش پىلانلاپ جىپسىلاشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆستۈرۈپ، تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى

بىرتۇتاش پىلانلاپ بىرلەشمە ھەرىكەتكە كېلىپ، زىچ جىپسىلاشتۇرۇپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىنلىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى خۇلاسىلەپ، يوچۇقلارنى تەكشۈرۈپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)